السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# بالا تۆشەككە تەۋە، زىناخورغا تاش ئېتىلىدۇ

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها رىۋايەت قىلىپ ئېيتتىكى: سەئد ئىبنى ئەبى ۋەققاس ۋە ئابدۇ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇلار بىر بالا توغرۇلۇق تالىشىپ قالدى، سەئد ئېيتتى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاسنىڭ بالىسى، ئۇ ماڭا بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئېيتقان، بۇنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشايدىغانلىقىغا قارىسىلا! ۋە ئابدۇ ئىبنى زەمئە ئېيتتى: ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، بۇ مېنىڭ دادامنىڭ تۆشەكىدە ئۇنىڭ دېدىكىدىن تۇغۇلدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ بالىنىڭ كىمگە ئوخشايدىغانلىقىغا قارىۋىدى، ئۇنىڭ ئۇتبەگە ناھايىتى ئوچۇق ئوخشاپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئاندىن دېدىكى: ئى ئابدۇ ئىبنى زەمئە ئۇ سىنىڭكى، بالا تۆشەككە تەۋە، زىناخورغا تاش ئېتىلىدۇ. ئى سەۋدە ئۇنىڭدىن يۈگۈنۈڭ! ئۇندىن كېيىن ئۇ سەۋدىنى قەتئىي كۆرۈپ باقمىدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

جاھىلىيەت دەۋرىدە دېدەكلەرگە باج قويۇشاتتى، بۇ پۇلنى ئۇلار زىنادىن تاپاتتى. ئەگەر بالا بولۇپ قالسا ۋە ئەر تەرەپ ئۇ بالىنى ئۆزىنىڭ ئىكەنلىكىنى داۋا قىلسا، بالىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى. ئۇتبە ئىبنى ئەبى ۋەققاس زەمئە ئىبنى ئەسۋەدنىڭ دېدىكى بىلەن زىنا قىلدى. ئۇ ئايال بىر بالا تۇغدى. ئۇتبە قېرىندىشى سەئدكە بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ نەسەبىگە قوشۇپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلدى. مەككە پەتهى قىلىنغاندا سەئد ئۇ بالىنى كۆردى ۋە قېرىندىشىغا ئوخشىغانلىقىدىن ئۇنى تونۇدى. شۇڭا ئۇ بالىنى قېرىندىشىنىڭ نەسەبىگە قوشۇپ قويۇشنى مەقسەت قىلدى. ۋە ئۇ بالا توغرۇلۇق ئابدۇبنى زەمئە بىلەن تالاشتى. سەئد ئۆزىنىڭ دەلىلى يەنى: ئۇنىڭ قېرىندىشى بۇ بالىنىڭ ئۆزىنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلغانلىقى ۋە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقىنى، ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇ ئىبنى زەمئە: ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، دادامنىڭ دېدىكىدىن تۇغۇلغان، دېدى. يەنى ئۇنىڭ دادىسى بۇ بالىنى تۇغقان دېدەكنىڭ خوجايىنى، شۇنداقلا تۆشەكنىڭ ئىگىسى ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۇ بالىغا قارىدى، ئۇنىڭ ئۇتبەگە ناھايىتى ئوچۇق ئوخشاپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئەمما ئۇنى ئابدۇ ئىبنى زەمئەگە ھۆكۈم قىلىپ بەردى. ۋە بالا تۆشەككە تەۋە، زىناخور نومۇسسىزغا ئۈمىدسىزلىك ۋە زىيان لايىقتۇر. دېمەك؛ بۇ ئادەم بالىدىن يىراق تۇرىدۇ، دېدى. چۈنكى ئەسلى قائىدە: بالا، دېدەكنى توغرا يول بىلەن جىما قىلىش ھەققى بولغان خوجايىنغا مەنسۇپتۇر. لېكىن پەيغەمبىرىمىز بۇ بالىنىڭ ئۇتبەگە قاتتىق ئوخشاپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەنلىكتىن، بۇ بالىنىڭ ئابدۇ ئىبنى زەمئەنىڭ سىڭلىسى سەۋدە بىنتى زەمئەگە قاراشنى بۇ نەسەب تۈپەيلىدىن ھالال قىلىشتىن ئېهتىيات قىلدى، شۇڭا بۇ قىزنى ئېهتىيات يۈزىسىدىن ئۇ بالىدىن يۆگىنىشكە بۇيرىدى. دېمەك: نەسەب ئىشىدا، ئەگەر تۆشەك ئېنىق بولسا ئوخشاپ قېلىش قاتارلىق باشقا ئىشارەتلەر دەلىل بولالمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6160

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC
E-Da'wah Committee